# جۇڭگو بىلەن برما تەقدىرداش قېرىنداشلىق مېھر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر

(بېشى 1 ـ بەتتە)

برمىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مىن رۋي كۆپلىگەن ئىچكى كابىنېت مىنىستىرىنى باشلاپ ئايروپورتقا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

قىزىل رەڭلىك پاياندار دۇمباق مۇزىكىسى ۋە تەبەسسۇم چىرايلارنى تۇتاشتۇردى.

ئايروپورتتا، يەرلىك سەنئەتكارلار چىرايلىق مىللىيچە كىيىملەرنى كىيىپ، شادلىق ئۇسسۇللىرىنى ئوينىدى. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئۆسمۈر ـ بالىلار جۇڭگو ـ برما ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، «ياشىسۇن جۇڭگو ـ برما دوستلۇقى!» «شى جۇشنىڭ تېنى سالامەت بولسۇن!» دەپ تەنتەنە قىلىشتى.

چوڭ ـ كىچىك كوچىلار قويۇق دوستلۇق مۇھەببىتىگە چۆمۈلدى.

«جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ برمىدا زىيارەتتە بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» «جۇڭگو ـ برمىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقى مەڭگۈ ياشايدۇ» «جۇڭگو ـ برمىنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ئۈزۈلۈكسىز راۋاجلانغۇسى»... ئايروپورتتىن رەئىس شى جىنپىڭ چۈشكەن مېھمانسارايغىچە، قىزىل رەڭلىك چوڭ پىلاكاتلار يول بويىي تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

«جۇڭگو رەھبىرىنىڭ زىيارەتكە كېلىشى برمىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ» «جۇڭگو ـ برما دوستلۇقى ھەر ۋاقىت نۇر چاچقۇسى»... ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىدىن جەمئىيەت ئالاقە تورلىرىغىچە، «جۇڭگو» «جۇڭگو ـ برما دوستلۇقى» كۆپ تەكرارلىنىدىغان سۆزگە ئايلاندى.

بۇ، بىر قېتىملىق دوستلۇق چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان سەپەر — 25 سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى، ئۇدا 12 مەيدان رەسمىي پائالىيەتتە رەئىس شى جىنپىڭ برمىدىكى ھەر ساھە زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى، پىكىر ئالماشتۇردى.

بۇ، بىر قېتىملىق ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان سەپەر — جۇڭگو بىلەن برما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى ئارىدىن 19 يىل ئۆتكەندە برمىنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو ـ برما ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى، جۇڭگو ـ برما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى.

## مېھر ـ مۇھەببەت قويۇق

«برما تىلىدا ‹باۋبو› دېگەن سۆز بىر تۇغقان قېرىنداشلار دېگەن مەنىدە. ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئەزەلدىن قېرىنداشلاردەك ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن، ‹قېرىنداشلىق› مېھر ـ مۇھەببىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە».

زىيارەتتە بولۇشنىڭ ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ برما تاراتقۇلىرىدا «مىڭ يىللىق قېرىنداشلىق مېھر ـ مۇھەببەتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتەيلى» دېگەن تېمىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ـ برما ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مېھر ـ مۇھەببەتنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بايان قىلدى.

2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا لىنىيەسى، 2000 يىلدىن ئارتۇق ئالاقە تارىخى، چىن، خەن دەۋرىدىكى جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى ئۆزئارا ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشتىن، پياۋگو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئالماشتۇرۇشقىچە، ئالدىنقى ئەسىردە ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرغاندىن تارتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، برما ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە يېڭى جۇڭگونى ئەڭ بۇرۇن ئېتىراپ قىلىشقىچە، جۇڭگو بىلەن برمىنىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاشقان، كۆڭۈل رىشتى تۇتاشقان، بار ـ يوقنى تەڭ كۆرگەن.

زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ برما پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ چوڭقۇر مېھر ـ مۇھەببىتىنى كۆپ قېتىم ئەسلىدى. ئۇ جوۋ ئېنلەي زۇڭلى 1954 ـ يىلى برمىنى زىيارەت قىلغاندا برما زۇڭتۇڭى با يۇ، زۇڭلى ۋۇ نۇلار بىلەن سەممىي سۆھبەتلىشىۋاتقان چاغدىكى بىر پارچە سۈرەتنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. «ئۇ چاغدا، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان، برما ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوشما باياناتلار ئېلان قىلىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئورتاق تەشەببۇس قىلغان. بۇ، خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىدىكى مۇھىم، زور ئىجادىيەت».

بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ، تارىختىن بۇيان مۇستەھكەملىنىپ كەلگەن جۇڭگو بىلەن برمىنىڭ قېرىنداشلىق مېھر ـ مۇھەببىتى يېڭى دەۋردە ئۈزلۈكسىز كەڭ جارى قىلدۇرۇلدى.

زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ كۆرۈشۈش زالىدا، رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ ۋىن مىن بىلەن تۇنجى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. يېڭى دوستلار خۇددى كونا دوستلاردەك سەممىي كۆرۈشتى. «بۈگۈن جۇڭگو دېھقانلار كالىندارى بويىچە ‹كىچىك يىل›، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن برما ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە چاغانلىق بەخت تىلەيمەن». رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇردى.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ ۋىن مىن رەئىس شى جىنپىڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ زىياپەت زالى ئەزىز مېھمانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، برمىدىكى مۇقەددەس تاغ پوپا تېغى سۈرەتلەنگەن چوڭ ئەنلىك رەسىم كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. زۇڭتۇڭ ۋىن مىن قىزغىن ھېسسىيات بىلەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىز برمىنى يېڭى يىلدىكى تۇنجى زىيارەتتە بولىدىغان دۆلەت قىلدىڭىز، برما خەلقى چوڭقۇر شەرەپ ھېس قىلدى... بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئابىدە بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

زۇڭتۇڭ ۋىن مىن برمىنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇسى «ۋەنچىن»نى چالىدىغان سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ رەئىس شى جىنپىڭغا نومۇر ئورۇنلاپ بەردى. خوشلىشىدىغان چاغدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئالايىتەن سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «جاپا چەكتىڭلار، سىلەرگە رەھمەت!» چىن ھېسسىيات، چوڭقۇر تەشەككۇر بىلەن ئېيتىلغان بىر ئېغىز سالام كىشى قەلبىنى ئىللىتتى.

چوڭقۇر ھېسسىيات مېھر ـ مۇھەببەتنى نامايان قىلدى، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئورتاقلىق ھاسىل قىلدى.

جۇڭگو ـ برما مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، رەئىس شى جىنپىڭ تۆت «ياخشى»نى ئوتتۇرىغا قويدى: جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان ياخشى قوشنا بولۇشتا، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان ياخشى دوستلاردىن بولۇشتا، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇشتا، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولىدىغان ياخشى قېرىنداشلاردىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. زۇڭتۇڭ ۋىن مىن ئارقا ـ ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رەئىس شى جىنپىڭ يېتىپ بارغان كۈنى، برمىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى ئالايىتەن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ رەئىس شى جىنپىڭغا قارشى ئېلىش، سالام يوللاش ھېسسىياتىنى بىلدۈردى. بۇ، 2015 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاكشەن سۇچى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندىن بۇيان، ئىككى رەھبەرنىڭ 7 ـ قېتىم كۆرۈشۈشى.

ئاكشەن سۇچى يۈرەك سۆزىنى قىلىپ مۇنداق دېدى: «برما تەرەپ جۇڭگونىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان برمىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. برما بىلەن جۇڭگونىڭ ‹قېرىنداشلارچە› دوستلۇقى دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى، پەقەت بىزلا ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى پەششىق بىلىمىز. جۇڭگو ئىزچىل بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز، تەقدىر بىز ئىككى تەرەپنى بىر ـ بىرىمىزگە زىچ باغلىدى».

70 يىللىق ئۆزگىرىش داۋامىدا، جۇڭگو ـ برما باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا قوللاپ، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى.

زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى برما ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىدۇ.

زۇڭتۇڭ ۋىن مىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان برمىغا قارىتا قىممەتلىك چۈشىنىش ۋە قوللاشتا بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز، جۇڭگو تەرەپنىڭ برمىنىڭ دۆلەت ئىچى تىنچلىق مۇساپىسىدە ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلايمىز، برما تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېندا يولغا قويغان «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، باشتىن ـ ئاخىر تەيۋەننى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.

برما دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ باش سلڭى مىن ئاۋڭ لەي رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان برمىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەرگەن ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمىز، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، برما دۆلىتىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

«قېرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر، دەريانىڭ مەنبەسى ئۇزۇن».

بىر ئالاھىدە سوۋغات ئارقىلىق تارىخقا ھۆرمەت بىلدۈرۈلدى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتە، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى رۇيشەنىين مېھمانخانىسىدا رەئىس شى جىنپىڭ ئۈچۈن كىچىك دائىرىدە زىياپەت بەردى. زىياپەتتىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچىغا بىر قىممەتلىك سوۋغاتنى، يەنى ئاكشەن سۇچىنىڭ ئانىسى، برمىنىڭ تونۇلغان ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى دۇ چىڭجىننىڭ «جۇڭگو رىشتىسى» ئىپادىلەنگەن سۈرەتلەرنى تەقدىم قىلدى.

سۈرەتلەر ئىچىدە، دۇ چىڭجىننىڭ جوۋ ئېنلەي، جۇ دې، سۇڭ چىڭلىڭ قاتارلىق جۇڭگونىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەتلىرى بار ئىدى، يەنە ئۇنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى كۈتۈپخانىسىدا ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان سۈرىتىمۇ بار ئىدى.

رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچىغا ھەربىر پارچە سۈرەتتە خاتىرىلەنگەن تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنى تونۇشتۇردى، ئاكشەن سۇچى بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى، رەئىس شى جىنپىڭغا چوڭقۇر رەھمىتىنى بىلدۈردى.

تارىخنىڭ چاقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ برمىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، جۇڭگو ـ برما ئىككى دۆلەت قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، مىڭ يىل ۋارىسلىق قىلىنغان بۇ قېرىنداشلىق مېھر ـ مۇھەببەتكە يېڭى ئىزاھات بەردى — «ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو بىلەن برمىنىڭ ئەنئەنىۋى ‹قېرىنداشلارچە› مېھر ـ مۇھەببىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ برما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ـ برما مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە تۈرتكە بولۇشقا بىردەك قوشۇلدى».

## مەنپەئەت ئەمەلىي

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2019 ـ يىلدىكى يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەبرىكلەيمىز، جۇڭگونىڭ برما قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ برمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز».

«قوشنا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، برما جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادى ۋە خەلقئارا ئىشلاردا چوڭ دۆلەتكە ئايلانغانلىقىنى ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن كۆردى. بىز رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگونىڭ چوقۇم ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز».

برما رەھبەرلىرى رەئىس شى جىنپىڭغا ۋە جۇڭگو خەلقىگە ئېھتىرام بىلدۈردى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قارىتا ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2020 ـ يىلى جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىلغا قەدەم قويدى، برما دۆلەتنىڭ تەرەققىيات، قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى مەزگىلگە قەدەم قويدى. زىيارەت مەزگىلىدە، تەرەققىيات تەجرىبىلىرى، تەرەققىيات يولى جۇڭگو ـ برما رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن چوڭقۇر سۆزلەشكەن سۆز تېمىسىغا ئايلاندى.

ھەم نامرات، ھەم قالاقلىقتىن دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىشقىچە، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئەتراپتىكىلەرگە، دۇنياغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى، ئەڭ مۇھىم مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىق ھەمراھى، ئەڭ چوڭ چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر كېلىش مەنبە دۆلىتى... جۇڭگونىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى داۋامىدا برما پۇرسەتنى بايقىدى، جاۋاب تاپتى.

جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورى ئۇقۇم يىرىك پىلاندىن ماھىيەتلىك قۇرۇلۇشقا ئۆتتى، جۇڭگو بىلەن برمىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىدا پۇختا قەدەم تاشلاندى. بۇ، رەئىس شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى زىيارەتتە قولغا كەلتۈرگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم نەتىجە.

دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى قىلدى: دۇنيا بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىلىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، رەئىس شى جىنپىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر تاشلاپ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ برمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشنا دۆلەتلەرنى نەپكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ھەم دۇنياغا ئىجابىي تەرەققىيات ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك كەلگۈسىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

21 ـ ئەسىر دېڭىز يىپەك يولى ۋە يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم تايانچ نۇقتىلىق دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، برما «بىر بەلباغ، بىر يول»غا ئىزچىل پائال ئاۋاز قوشتى ھەم ئۇنى ئورتاق قۇرۇشقا قاتناشتى.

دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى 1 ـ نۆۋەتلىك، 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىگە قاتناشقان، يەنە ئۆزى برما ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى يولغا قويۇش رەھبەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، برمىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى جۇڭگونىڭ تەشەببۇسى بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولغان.

جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورى شىمالدا جۇڭگو يۈننەندىن باشلىنىپ، جۇڭگو ـ برما چېگراسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبتا ماندالايغا تۇتىشىدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ياڭگۇاڭ يېڭى شەھىرى ۋە جياۋپياۋ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىغىچە سوزۇلۇپ، ئۈچ ئۇچى تىرەك بولىدىغان «八» خېتى شەكىللىك ھەمكارلىق چوڭ ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورىنى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان. يېرىم ئاي ئۆتمەيلا، رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئاستىدا جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورىنى ئورتاق قۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە، جۇڭگو بىلەن برما جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك ئۈنۈم تۈرى تىزىملىكىنى ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەم جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورى ھەمكارلىقىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا قەدەم تاشلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

برما زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئىمزا قويۇش زالىدا، رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى بىلەن بىللە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. جياۋپياۋ تۈرىنىڭ جۇڭگو ـ برما ئىقتىساد كارىدورىدىكى ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ـ برما چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى ۋە ياڭگۇاڭ يېڭى شەھىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش... 20 نەچچە تۈرلۈك ھەمكارلىقنىڭ نەتىجىسى مول بولدى. سىياسىيدىن ئىقتىسادقىچە، مەبلەغ سېلىشتىن ئادەمىيەتكىچە، جۇڭگو ـ برمىنىڭ ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئىستىقبالى كەڭ.

70 نەچچە يىل بۇرۇن، پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىغان مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق دولقۇنىدا دۇنياغا كەلگەن يېڭىدىن گۈللەنگەن ئىككى دۆلەت بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشىنىڭ يېڭى يولىنى ئورتاق ئاچتى.

بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادىكى 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، جۇڭگو بىلەن برما «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق ئارقىلىق تەرەققىيات تېمىسىنى يېشىپ بېرىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى تېخىمۇ ئەمەلىي، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يېڭى بولغان دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، جۇڭگو ـ برما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ يېپيېڭى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

## يىلتىزى چوڭقۇر

1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە، برما 2 ـ خەلقئارا يىغىن مەركىزىدە فونتاندىن سۇلار ئېتىلىپ چىقىپ، چىراغلار چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو بىلەن برمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن 700دىن ئارتۇق ۋەكىل بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، جۇڭگو ـ برما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم جۇڭگو ـ برما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

«مىنگىلابا!» رەئىس شى جىنپىڭ برما تىلىدا كۆپچىلىككە سالام يوللاپ، پۈتۈن مەيداننىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

«جۇڭگو ـ برما مەدەنىيىتىدە ‹رىشتە› سۆزىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ».

«مەدەنىيەت ۋە خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىر دۆلەتنىڭ ئىسىم كارتوچكىسى».

«تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ ۋاقىت ئۆتمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا تېخىمۇ يېڭىلاندى»...

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك سۆزى كەيپىياتنى ئۇرغۇتۇپ، چەكسىز لەززەت بېغىشلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

بامبۇك ۋە گۈللەر سەھنىنى ئوراپ تۇراتتى. چوڭ ئېكراندا، جۇڭگو ـ برما ئىككى دۆلەتنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى سەددىچىن سېپىلى، ماندالاي خان ئوردىسى گىرەلىشىپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ ۋىن مىن بىلەن بىرلىكتە يۇمىلاق قوزغىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، جۇڭگو ـ برما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ چوڭ پەردىسىنى ئاچتى.

جۇڭگو ـ برما ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە بولغان دوستلۇقى مەزمۇن قىلىنغان «جۇڭگو ـ برما دوستلۇق ئۇسسۇلى»، جۇڭگونىڭ شىمالىي شەنشىدىكى چاغانلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر نامايان قىلىنغان «بايرامدىكى تەنتەنە»، برما خەلقىنىڭ مايسا تىكىش، ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى قاتارلىق ئەمگەك تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ئىپادىلەنگەن ئۇسسۇل «يۇرتنىڭ سېھرىي كۈچى»، يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىنى مەدھىيەلەيدىغان «رەڭدار بۇلۇتلۇق يۈننەن»... جۇڭگو ـ برما سەنئەتكارلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن نومۇرلىرى تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. رەئىس شى جىنپىڭ بىر تەرەپتىن نومۇرلارنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن يېنىدا بىللە ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ ۋىن مىن، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

باھار يامغۇرىدەك زېمىنغا ئۈن ـ تىنسىز ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنگە ئوخشاش، جۇڭگو ـ برما دوستلۇقى مانا مۇشۇنداق خەلقنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ تۈرلۈك سورۇنلاردا، «يېقىن ئۆتۈش، سەممىي بولۇش، نەپ يەتكۈزۈش، كەڭ قورساق بولۇش»تەك ئەتراپ دىپلوماتىيە ئىدىيەسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، جۇڭگو ـ برما دوستلۇقىنىڭ خەلق قەلبى تىرىكى، جەمئىيەت ئۇل تېشىنى پۇختىلىدى، بۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىق مېھرى، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنىتىلدى.

برمىدىكى ئاساسلىق پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشكەندە، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېقىشلىق، دانا بولغان چوڭ دۆلەت داھىيسىلىق سالاپىتى برمىدىكى پارتىيەلەرنىڭ 20دەك رەھبىرىگە چوڭقۇر ھەم گۈزەل تەسىرات قالدۇردى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرىنىڭ يېشى 90غا ئۇلاشقان، ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز، بەزىلىرى ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەنىدى. رەئىس شى جىنپىڭ پارتىيەلەرنىڭ ھەربىر رەھبىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ، قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى. «مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ بولۇشىنى، يېقىن ئارىلىقتىن چوڭ دۆلەت داھىيسىنىڭ سالاپىتىنى ھېس قىلالايدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم» «بىز كوللېكتىپ چۈشكەن سۈرەتنى كۆزگە ئەڭ چېلىقىپ تۇرىدىغان جايغا ئېسىپ قويىمىز، بۇ، بىزنى برما بىلەن جۇڭگونىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ».

يېقىن ئۆتۈش، سەممىي بولۇش، نەپ يەتكۈزۈش، كەڭ قورساق بولۇش، خەلق قەلبى، خەلق رايى ئەڭ ياخشى كارتىنا. «ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش» «شۇ جايدىكى خەلققە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈش» «قوشنىلار بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئاچقۇچى خەلقنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش»... زىيارەت مەزگىلىدە، ھەر قېتىم جۇڭگو ـ برما مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، رەئىس شى جىنپىڭ «خەلق» «پۇقرا» دېگەن سۆزنى تەكرار تىلغا ئالدى.

جۇڭگو بىلەن برما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم جۇڭگو ـ برما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدىن ئىلگىرى، رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ ۋىن مىن، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاكشەن سۇچى ھەمدە برمىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى، 2 ـ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى، ئىككى پالاتانىڭ باشلىقى، باش سىلىك مىن ئاڭلەي قاتارلىق برما تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، جۇڭگو بىلەن برما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى كۆردى. 46 پارچە قىممەتلىك سۈرەت جۇڭگو بىلەن برمىنىڭ 70 يىللىق دوستلۇق ئالاقىسىنىڭ يۈگمە رەسىمىنى تۇتاشتۇردى.

رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ برمىغا بارغان داۋالاش ئەترىتىنىڭ «يورۇقلۇق ھەرىكىتى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان سۈرەتنىڭ ئالدىدا توختاپ تەپسىلىي كۆردى، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. سۈرەتتە جۇڭگو ـ برما ئىككى دۆلەتنىڭ داۋالاش خادىملىرى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلىنغان برمىلىق ئاغرىقنى قايتا تەكشۈرۈۋاتقاندى. ئاشۇ ئاغرىقنىڭ چېھرىدە يورۇقلۇقنى قايتا كۆرگەندىكى ھاياجانلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەنىدى.

ئالدى بىلەن ئەتراپتا ئەمەلىيلەشتۈردى، خەلق قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزدى. خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك: «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئەتراپتىن باشلاش، ئىناق قوشنىدارچىلىق، تىنچ قوشنىدارچىلىق، باي قوشنىدارچىلىقتا چىڭ تۇرۇش كېرەك».

ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە مەنپەئەت يۇغۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېقىن ئۆتۈش، سەممىي بولۇش، نەپ يەتكۈزۈش، كەڭ قورساق بولۇشتەك ئەتراپ دىپلوماتىيە ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش... رەئىس شى جىنپىڭنىڭ برما سەپىرى جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى ئۈچۈن يېڭى يىللىق يېڭى سەھىپە ئاچتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**